# ئىسھاق ئەلەيھىسسالام ۋە يەئقۇب ئەلەيھىسسالام

قۇرئان كەرىم ھەزرىتى ئىسھاق قىسسىسىنىڭ ئاز بىر قىسمىغىلا ئىشارەت قىلىپ ئۆتكەن.

ئۇنىڭ تۇغۇلۇشى بىر مۆجىزە بولۇپ، ئۇنىڭ دۇنياغا كېلىدىغانلىقى ۋە يەئقۇب ئىسىملىك بىر ئوغلى بولىدىغانلىقى ھەققىدىكى خۇشخەۋەرنى پەرىشتىلەر ئېلىپ كەلگەنىدى.

ئۇ، كىچىكىدىن تارتىپلا ئاتىسىدىن ئايرىم ياشاشقا مەجبۇر بولغان ئاكىسى ئىسمائىلدىن بىر نەچچە يىل كېيىن تۇغۇلغانىدى.

سارە ئوغلى ئىسھاق ۋە نەۋرىسى يەئقۇب دۇنياغا كەلگەنلىكى ئۈچۈن ئالەمچە خۇشال بولدى. ئەمما ئىسھاقنىڭ ھاياتى، قەۋمىنىڭ ئۇنىڭغا تۇتقان پوزىتسىيىسى ھەققىدە مەلۇماتىمىز يوق. ئاللاھ سالىھ (ياخشى) پەيغەمبەرلەر قاتارىدا ئۇنىمۇ ماختاپ ئۆتكەنىدى. يەئقۇب بولسا، ئۇنىڭ نەسلىدىن بولغان تۇنجى پەيغەمبەردۇر.

ئۇ ئىبراھىمنىڭ ئوغلى ئىسھاقنىڭ ئوغلى يەئقۇبتۇر. ئىسمى ئىسرائىل بولۇپ، قەۋمىگە پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلگەنىدى. ئاللاھ ئۇنىڭ قىسسىسىدىن ئۈچلا بۆلۈمنى تىلغا ئالغان. ئاللاھ ئۇنى ھەزرىتى يۈسۈفنىڭ قىسسىسىدە ئىسمىنى تىلغا ئالماي تۇرۇپ زىكىر قىلىدۇ.

يەئقۇبنىڭ سەكراتتىكى تەسۋىرلىرىدىن ئۇنىڭ نەقەدەر تەقۋا ئىنسان ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ھەممىگە مەلۇمكى، ئۆلۈم ئىنساننى قايغۇلاندۇرىدىغان، ھەتتا ئۆز ئىسمىنى ئۇنۇتتۇرىدىغان پالاكەتتۇر. ئەمما يەئقۇب سەكراتتىكى ۋاقتىدا، پەرۋەردىگارىغا دۇئا قىلىشنى ھەرگىز ئۇنۇتمىغانىدى.

ئۇلۇغ ئاللاھ بەقەرە سۈرىسىدە مۇنداق دەيدۇ:

﴿يەئقۇب جان ئۈزۈۋاتقان ۋاقىتدا سىلەر يېنىدا بارمىدىڭلار؟ شۇ چاغدا يەئقۇب ئوغۇللىرىدىن: «مەن ئۆلگەندىن كېيىن سىلەر كىمگە ئىبادەت قىلىسىلەر؟» دەپ سورىدى. ئۇلار: «سېنىڭ ئىلاھىڭ ۋە ئاتا ـ بوۋىلىرىڭ ـ ئىبراھىم، ئىسمائىل، ئىسھاقلارنىڭ ئىلاھى بولغان ئاللاھقا ئىبادەت قىلىمىز، بىز ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلغۇچىمىز» دېدى﴾[1].

سەكراتتا ياتقان يەئقۇب بىلەن ئوغۇللىرى ئارىسىدىكى بۇ سەھنە ناھايىتى چوڭ سەھنىدۇر. كۆز ئالدىمىزدا جان تالىشىۋاتقان بىرى ياتماقتا.

---

[1] سۈرە بەقەرە 133 ـ ئايەت.

ئۆلۈم ئالدىدا ئۇنىڭ زېھنىگە كىرىۋالغان بىر مەسىلە بار. ئۇ نېمە؟ سەكراتتا تۇرسىمۇ، ئۇنىڭ زېھنىنى شۇنچە مەشغۇل قىلغان زادى قانداق مەسىلە ئۇ؟ ئۆلۈشتىن بۇرۇن ھەل قىلماقچى بولغان مەسىلە نېمە؟ بالا ـ چاقىلىرىغا قالدۇرۇپ قويماقچى بولغان مىراسى نېمە؟ ئۆزىنىڭ ئۆلۈمدىن بۇرۇن، پۈتۈن ئىنسانلارغا يەتكۈزۈلۈشىنى ئارزۇ قىلغان نەرسىسى نېمە؟

بۇ سوئاللارنىڭ جاۋابىنى مۇنۇ سوئالدىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ:

﴿مەن ئۆلگەندىن كېيىن سىلەر كىمگە ئىبادەت قىلىسىلەر؟﴾[1]

سەكرات ئالدىدا ئۇنى ئەندىشىگە سالغان، خاتىرجەملىكىنى بۇزغان، زېھنىنى چۇلغىۋالغان مەسىلە مانا مۇشۇنىڭدىن ئىبارەت ئىدى.

يەنى ئاللاھقا ئىبادەت قىلىش مەسىلىسى. بۇ، بىرىنچى ۋە بىردىنبىر مەسىلىدۇر.

بۇ، ھېچكىم كېمەيتىۋېتەلمەيدىغان ۋە زىيانكەشلىك قىلالمايدىغان مىراستۇر، كېلەچەك ئۈچۈن تەييارلانغان پاناھ جايدۇر.

يەئقۇبنىڭ ئوغۇللىرى: بىز سېنىڭ ئىلاھىڭ ۋە ئاتا ـ بوۋىلىرىڭ ـ ئىبراھىم، ئىسمائىل، ئىسھاقلارنىڭ ئىلاھى بولغان ئاللاھقا ئىبادەت قىلىمىز، بىز ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلغۇچىمىز، ـ دېدى.

ئۇلارنىڭ ئىسلام ئۈچۈن ئەۋەتىلگەنلىكى ھەققىدىكى ھۆكۈم ئېنىقتۇر. ئەگەر ئۇنىڭدىن باش تارتسا، ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن چىقىدۇ. ئەگەر ئۇ يولدا داۋاملىق ماڭسا، ئاللاھنىڭ رەھمىتى داۋاملىق تۆرەە ئۇلارغا كېلىپ تۇرىدۇ.

...

ھەزرىتى يەئقۇب ئوغۇللىرىدىن ئېتىقادلىرى ھەققىدىكى جاۋابىنى ئېلىپ، خاتىرجەم بولغان ھالدا كۆز يۇمدى.

ئۇ ئۆلۈمدىن بۇرۇن ئوغلى يۇسۇف ئارقىلىق ئېغىر سىناققا دۇچ كەلگەنىدى.

يۇسۇفمۇ ئاتىسى يەئقۇبقا ئوخشاش پەيغەمبەر بولۇپ، ئاللاھ تائالا ئۇنى مىسىر خەلقىگە ئەۋەتكەنىدى.

---

[1] سۈرە بەقەرە 133 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org